# 106482 ـ رامىزان ئىچىدە ئۆزى ياشاۋاتقان رايون بىلەن رامىزاننىڭ باشلىنىشى پەرقلىق بولغان باشقا رايونغا سەپەر قىلغانلىق توغرىسىدا

### سۇئال

مەن ياشاۋاتقان رايوندا رامىزان روزىسى باشلاندى، رامىزان ئىچىدە روزا تۇتۇشنى بىزدىن بىر كۈن كېيىن باشلىغان باشقا جايغا سەپەر قىلدىم. مەن مۇشۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا ماسلىشىپ روزىنى داۋاملاشتۇرىمەنمۇ؟ ئۇنداق قىلسام مەن 31 كۈن روزا تۇتقان بولىمەن؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ مەسىلىدە؛ رامزاننىڭ باشلىنىشى ئۆزى تۇرغان رايوندىن، رامزاننىڭ ئاخىرى ئۆزى سەپەر قىلىپ كەلگەن رايوندىن ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىككى يۇرتتا بولۇپ جەمئى 28 كۈن روزا تۇتقان بولسا، بىر كۈن قازا روزا تۇتۇپ 29 كۈننى تولۇقلايدۇ، چۈنكى ھىجرىيە ئايلىرى 29 كۈندىن ئاز بولمايدۇ. سەپەر قىلىپ كەلگەن رايوندا 30 كۈن تولۇق روزا تۇتقان بولسا، شۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە ئاخىرقى كۈندىمۇ روزا تۇتىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئېغىز ئاچىدۇ ۋە بىرلىكتە ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابە كىراملىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىلمى تەتقىقات ۋە پەتىۋا كومىتېتى ئەزالىرىدىن: شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز، شەيخ ئابدۇرراززاق ئەپىيفي، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى غۇدەييان.